## 26117 ـ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتى

### سۇئال

پەيغەمبەرلەر ھاياتمۇ ياكى ئۆلۈكمۇ؟ پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلغاندا بارلىق پەيغەمبەرلەر بىراق مەسچىت(مەسجىد ئەقسا)تە ئۇنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇغانىكەن . ئاندىن پەيغەمبەر (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) ھەر بىر ئاسمانغا چىققاندا ھەممىگە تونۇشلۇق بىر قىسىم پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆرۈشكەن ھەمدە ئۇلار تىخى ئالدىدا ئۇنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇغان . شۇڭا بۇ پەيغەمبەرلەر قانداقسىگە يىراق مەسچىتتە ئاندىن كېيىن ئاسمانلاردا بولىدۇ ؟ ياكى پەيغەمبەرلەر بىزگە ئوخشىمايدىغان شەكىلدە يەنىلا ھاياتمۇ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

پەيغەمبەرلەر (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇلارغا بولسۇن) دۇنيا كىشىلىرىگە نىسبەتەن ئېيىتقاندا ئۆلۈك . ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئاخىرقىسى ۋە ياخشىسىنى ئاتاپ تۇرۇپ : ھەقىقەتەن ، سەنمۇ ئۆلىسەن ، ئۇلارمۇ ئۆلىدۇ . دىدى.[ زۇمەر(ئادەم توپى): 30 ]

بىراق ئۇلار ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ھايات . چۈنكى شەھىيد ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ھايات تۇرغان يەردە ، پەيغەمبەرلەر شەكسىز شەھىيدلەردىن يۇقۇرى مەرتىۋىدە تۇرىدۇ . پەيغەمبەردىن(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) نەقىل قىلىنغان بىر سەھىيھ ھەدىستە ، ئۇ مۇنداق دىگەن : پەيغەمبەرلەر قەبرىلىرىدە ناماز ئوقۇغان ھالەتتە ھايات تۇرىدۇ . [ بەززار نەقىل قىلغان ، ئەلبانيي سەھىيھ جامئىيتا سەھىيھ دەپ تۆرگە ئايرىغان ، 2790] بۇ ناماز بولسا خۇددى جەننەت كىشىلىرى تەسبىيھ بىلەن نېئمەتلەنگىنىگە ئوخشاش ، ئۇلار نېئمەتلىنىدىغان نەرسە .

ئۇلار قەبرىلىرىدە(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇلارغا بولسۇن) تۇرىدۇ . ئەيسا (ئۇنىڭغا ئامانلىق بولسۇن) ئۇنىڭ سىرتىدا بولۇپ ، ئاللاھ ئۇنى ئاسمانغا ئەچىقىۋەتكەن . ئاللاز ئېيىتقاندەك : « ئەيسا نع ظألترضعنعمذ يوق،دارغا ظاسقعنعمذ يوق ۋە لئكعن ظذلارغا شبهة سئلعندع،(ظعسانع ظاستذق دةص ضذمان قعلعص،ظعسا ظةلةيهعسسالامغا ظوخشاص قالغان باشقا بعرسعنع ظاستع)،ظعسا توغرعسعدا ظعختعلاص قعلعشقانلار هةقعقةتةن ظذنعث ظألترلضةنلعكع(مةسعلعسع)دة شبهعدعذر.ظذلار بذ( ظعشنعث هةقعقعتع)نع بعلمةيدذ،ضذمانغعلا ظاساسلعنعدذ،ظذلار ظعسانع جةزمةن ظألترمعدع157. بةلكع الله ظذنع ظأزتةرعصعضة كأتردع(يةنع ظعسا ظةلةيهعسسالامنع الله ظذلارنعث شةررعدعن قذتذلدذرذص تعرعك هالدا ظاسمانغا ظئلعص حعقعص كةتتع).الله غالعبتذر،هئكمةت بعلةن ظعش قعلغذحعدذر . » [ نسا( ئايالار): 157–158 ]

پەيغەمبەرلەرنىڭ(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇلارغا بولسۇن) ئىسرا كېچىسى مۇھەممەد(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق

ئۇنىڭغا بولسۇن) پەيغەمبەرنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇغىنىغا كەلسەك ، ئۇلار ئۇنىڭ كەينىدە روھلىرى بىلەن ناماز ئوقۇغان ،تەنلىرى بولسا قەبرىلىرىدە ئىدى . ۋە شۇنىڭدەك ، مىئىراج كېچىسى پەيغەمبەرلەرنى ئاسماندا كۆرۈشىمۇ ھەم . ئۇ چاغدا ئادەمنى دۇنيا ئاسمىنىدا ، يەھيا ۋە ئەيسانى ئىككىنچى ئاسماندا ، يۇسۇفنى ئۈچۈنچىسىدە ، ئىدرىسنى تۆتىنچىسىدە ، ھارۇننى بەشىنچىسىدە ، مۇسانى ئالتىنچىسىدە ، ئىبراھىمنى يەتتىنچىسىدە كۆرگەن بولۇپ ، ئۇ ئۇلارنىڭ روھلىرىنى شۇلارنىڭ ئۆز بەدەن قىياپىتىدە كۆرگەن .

بەزى كىشىلەر : ئۇلارنىڭ قەبرىلەرگە كۆمۈلگەن بەدەنلىرىنىڭ ئۆزىنى كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن دىيىشىدۇ ، بۇ ئاساسسىز .

لىكىن ئەيسا ئاسمانغا روھى ۋە بەدىنى بىلەن چىقىپ كەتكەن ؛ ئىدرىسنىمۇ ھەم شۇنداق دىيىلىدۇ .

لىكىن ئىبراھىم ، مۇسا ۋە باشقىلىرىغا كەلسەك ، ئۇلار زىمىنغا دەپنە قىلىنغان .

مەسىھ (ئۇنىڭغا ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرگەئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق بولسۇن) زىمىنغا مۇقەررەر چۈشىدۇ . دەمەشىقنىڭ شەرقىدىكى مەنارەتۇ بەيزاغا چۈشۈپ ، دەججال( ئەيسانىڭ دۈشمىنى)نى ئۆلتۈرىدۇ ، كىرىستنى سۇندۇرىدۇ ۋە چوشقىلارنى ئۆلتۈرىدۇ . سەھىيھ ھەدىيسلەردە ئىسپاتلانغىنىدەك . شۇڭا گەرچە ئۇ يۇسۇف، ئىدرىيس ۋە ھارۇنلاردىن ئۈستۈن تۇرسىمۇ ، ئۇ ئىكىنچى ئاسماندا . چۈنكى ئۇنىڭ باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئوخشىمايدىغىنى ، ئۇ قىيامەت بولۇشتىن ئىلگىرى يەرگە چۈشىدۇ .

ھەمدە ئادەمنىڭ دۇنيا ئاسمىنىدا بولۇشى ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ روھلىرى ئۇنىڭغا كۆرسىتىلىدۇ، يەنى بەخىتلىكلەرنىڭ روھلىرى . بەختسىزلەرنىڭ روھلىرى بولسا ئۇلارغا ئاسماننىڭ ئىشىكى ئېچىلمايدۇ ، ھەمدە ئۇلار تاكى تۆگە يىڭنە تۆشۈكىدىن ئۆتمىگىچە جەننەتكە كىرمەيدۇ . شۇڭا ئۇلار ئۇنىڭغا كۆرسىتىلىدىكەن ، ئۇ ئۇلارغا يىقىن تۇرۇشى كىرەك . . . ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرنىڭ (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) كەينىدە ناماز ئوقۇغانلىقى ، ئاندىن ئاسمانغا ئىلىپ چىقىلغاندىن كيىن ، بەزىلىرى بىلەن ئۇچراشقانلىقى ئوتتۇرسىدا زىتلىق يوق . چۈنكى روھلار پەرىشتىلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش بىردەمدە چىقالايدۇ ۋە چۈشەلەيدۇ ، بەدەنگە ئوخشىمايدۇ .

[ئىسلام پېشىۋاسى ئىبنۇ تەيمىيەنىڭ فەتىۋالار توپلىمى ، 4 328–329 دىن ئىلىندى . ]